# مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش: قۇياش نۇرىنى تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرگە چاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەڭ بەلباغلىق تور ھەممە مەكتەپلەرگە تۇتاشتۇرۇلدى، ئەلا سۈپەتلىك بايلىق ھەممە سىنىپلارغا يەتكۈزۈلدى، بۇلۇت دەرسخانىسىدىن ھەممەيلەن بەھرىلەندى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، توقسۇ ناھىيەسى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 64 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلباغ ئۇلىدى، رادىيو سىستېمىسى ئورناتتى، يېزا مەكتەپلىرىنى ئوقۇتۇش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈچۈرلاشتۇرۇش بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بولتۇردىن بۇيان، توقسۇ ناھىيەسى 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ مائارىپ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، مەكتەپلەرنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىلىق، 1890 ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى» دېدى توقسۇ ناھىيەلىك مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو جياڭ. توقسۇ ناھىيەسى مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئورتاق تونۇشىنى ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملەپ، مائارىپنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئۇللۇق، باشلامچى خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك رولىنى گەۋدىلەندۈردى.

مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش پەقەت شەھەر بىلەن يېزا مائارىپىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشتىكى بىر كىچىك قەدەم، مائارىپنىڭ تەكشى تەرەققىياتى يەنە ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق يۇمشاق ئەمەلىي كۈچ جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ نامايان بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى، سانجى شەھىرى مائارىپ گۇرۇھى شەھەر ـ يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئىتتىپاق بويىچە باغلاپ راۋاجلاندۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىدىيە يەتكۈزۈپ، ئوقۇتۇش يەتكۈزۈپ، باشقۇرۇش يەتكۈزۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مەكتەپلەر ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاجىز مەكتەپلەرگە تۈرتكە بولۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، تەكشى تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتتى.

«مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىدىيەسى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تېخىمۇ ھارارەتكە ئىگە قىلدى، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش جاۋاب قەغىزى تېخىمۇ قېلىن بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز نامرات رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چوڭ سىنىپلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، يېزا ـ بازارلاردىكى ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ ۋە يېزا ـ كەنتلەردىكى كىچىك كۆلەملىك مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپنى ئۈچۈرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، مائارىپ ئوقۇتۇشى سۈپىتىنى مۇقىم ئۆستۈردى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

### كەسپىي مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئوقۇش ئارقىلىق ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇش

لوپ ناھىيەسى مىنلې گىلەم ئىمپورت ـ ئېكسپورت چەكلىك شىركىتىنىڭ 21 ياشلىق گىلەم لايىھەلىگۈچىسى مېھرىنسا مەتتىمىن ئوچۇق ـ يورۇق، ئۆزگە ئىشىنىدىغان بولۇپ، خىزمەت قىلغاندا قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ. ئىككى يىل ئىلگىرى، ئۇ كەسپىي مائارىپ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

مېھرىنسا لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى باش ئېرىق كەنتىدىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن بولۇپ، لوپ ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ گىلەم توقۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 2018 ـ يىلى، پىراكتىكا مەزگىلىدە، ئۇ بىر شىركەت بىلەن توختاملاشتى. مېھرىنسا تۇرۇشلۇق بۇ شىركەت ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا ئىدى. ئۇ بۇ يەردىكى خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلىدى.

«بىر ئايدا 3500 يۈەن ئالىمەن، مېنىڭ كىرىمىم ئائىلىمىز بويىچە ئەڭ يۇقىرى.» ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئەسلىي مەقسىتىدىن بۆگۈنگىچە، مېھرىنسانىڭ ئارزۇسىغا يەنە يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى: ئۇ بولسىمۇ كەلگۈسى بىرنەچچە يىلدا ئۇ لايىھەلىگەن گىلەملەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىشى ئىدى.

كەسپىي مائارىپ ئارقىلىق بىر ئادەم تەربىيەلىنىپ، بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، بىر ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز «ھەممە ئادەم ئۆگىنەلەيدىغان، ھەممىسى ماھارەت بىلىدىغان، ھەممە ئائىلىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان» مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ «نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىشى»غا كۈچ قوشتى. ئاپتونوم رايون دىققەتنى نامرات رايونلار، نامرات نوپۇسلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەسپىي مائارىپنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار كەسپىي مائارىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كەسپىي مائارىپنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتىكى رولىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، كەسپىي مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز «قان بېرىش» بىلەن «قان ئىشلەش»كە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئون ئۆلكە، شەھەردىكى 124 كەسپىي مەكتەپنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كەسپىي مەكتەپلەرگە ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىشنى ماسلاشتۇرۇپ، رايون ئىچىدىكى ئوقۇتۇشى ياخشى 25 مەكتەپنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە تەشكىللەپ، «ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش» ۋە «ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش» بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەسپىي مائارىپنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### دەل جايىدا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئوقۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش

«باللار مەكتەپكە بارسا ياردەم پۇلى بار، بىزمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، باللارغا ياخشى ئۆلگە تىكلىشىمىز كېرەك.» دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنى تىلغا ئالغاندا، ئاقچى ناھىيەسى قارا بۇلاق يېزىسى مەركەز كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابۇلغازى مەمەتجۇمەنىڭ مىننەتدارلىقى تولۇپ تاشتى.

ئابۇلغازى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇقىم كىرىمى يوق، ئىككى بالىسى ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى بىر قەدەر ئېغىر ئىدى. بولتۇر مەكتەپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ئاچا ـ ئىنى ئىككىلىسىگە «دەل جايىدا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ»، قەرەللىك ھالدا ئۇلارغا نامرات ئوقۇغۇچىلار ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلەتتى.

«بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالدۇرماسلىق» پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىدىن ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ ھەرقايسى ئوقۇش باسقۇچلىرىغىچە، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگىچە، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغىچە «ئۈچنى تولۇق قاپلاش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىكنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، «دەل جايىدا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش» ئىدىيەسى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار، يېتىم، مېيىپ ئوقۇغۇچىلار، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەردىكى پەرزەنتلەر قاتارلىق يەتتە تۈردىكى كىشىلەر توپى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بولتۇر ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 7 مىليارد 620 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ياردەم مەبلىغى ئاجراتقان، بۇ، 4 مىليون 806 مىڭ ئادەم قېتىم ئوقۇغۇچىغا نەپ يەتكۈزگەن.

ئىستىرېئولاشقان ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى نامرات ئائىلىلەردىكى پەرزەنتلەرنى ياخشى ئوقۇش، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلدى.

# 2022 ـ يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى جۇڭيى تېبابىتى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى نۇرغۇن نۇقتىلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا خاس ئەۋزەللىككە ئىگە، «يولغا قويۇش پىكرى»دە سۆڭەك زەخمىسى، يېڭنە سانجىش ۋە داغلاش، ئۇۋۇلاش ھەمدە يۈرەك قان تومۇرى كېسىلى، سوزۇلما خاراكتېرلىك نەپەس سىستېمىسى كېسەللىرى، جاھىل تەمرەتكە، ئاق كېسەل قاتارلىق مەخسۇس بۆلۈمدە مەخسۇس كېسەللەرنى داۋالاشنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، داۋالاش لايىھەسى ۋە كلىنىكىلىق يوللارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى داۋالىشىدا ئەۋزەللىككە ئىگە كېسەل تۈرلىرى، مۇۋاپىق كېلىدىغان تېخنىكا، داۋالاش ئۈنۈمى ئۆزگىچە جۇڭيى دورىلىرى تۈرلىرىنى تاللاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، جۇڭيى تېبابىتىنىڭ «كېسەلنى ئالدىن بايقاپ، ئالدىنى ئېلىش» ساغلاملىق قۇرۇلۇشى ئالغا سىلجىتىلىپ، ياشانغانلار، ئاياللار، باللار، ئىككىلەمچى ساغلاملىق قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك مۇقىملاشقان مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان ئاغرىقلارنى چۆرىدەپ، جۇڭيى تېبابىتىنىڭ كېسەلنى ئالدىن بايقاپ، ئالدىنى ئېلىش ئارىلىشىش لايىھەسى تۈزۈلۈپ، ئومۇمىي خەلققە دورىلىق غىزا، يېمەكلىك بىلەن داۋالاش، كەيپىياتنى تەڭشەش، جىگلو پەللىسىنى ئۇۋۇلاش ۋە بەش خىل ھايۋاناتنىڭ ھەرىكىتىنى دوراش گىمناستىكىسى ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى، سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا قاتارلىق كۆتۈنۈش، ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرى كېڭەيتىلدى.

«يولغا قويۇش پىكرى»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كۆلەملەشكەن ۋە قېلىپلاشقان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئالغا سىلجىتىلىدۇ. جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى كەسپىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە دورىغا ئىشلىتىلىدىغان بايلىق سورتلىرىنى تېرىش، بېقىش مۇندەرىجىسىنى تۈزۈش، رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلارنى جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلاردا «زاكازلىق دورا ئۆسۈملۈك باغچىسى» تەسىس قىلىشقا جەلپ قىلىش، شارائىتى يار بېرىدىغان ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ دورا ماتېرىياللىرىنى يىغىش ـ تارقىتىش مەركىزى ۋە زامانىۋىلاشقان جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنى ساقلاش ئەشيا ئوبوروت مەركىزىنى پىلانلاپ قۇرۇشنى قوللاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، كەسپلەرنىڭ جايلىشىشى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ئوبوروت كەسپ زەنجىرى بەرپا قىلىنىپ، جۇڭيى دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە كەسپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنىدۇ.

جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، «يولغا قويۇش پىكرى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مائارىپىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېدىتسىناسى، جۇڭيى دورىلىرى بايلىق ئىلمى ۋە جۇڭيى دورىلىرى دورىسى ياساش قۇرۇلۇش ئىلمى قاتارلىق تولۇق كۇرس كەسپلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى تولۇق كۇرس كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتىدۇ ھەم كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنلىرىدە جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مەخسۇس كۇرس قاتلىمىدىكى كەسپلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىدۇ. مەكتەپ مائارىپىنى قوللاش بىلەن بىللە، ئۇستاز مائارىپىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرىگە ئائىت ئىقتىدار ھازىرلاش دەرىجە ئىمتىھانىنى قانات يايدۇرۇش، يۇقىرى ئۇستازلىق جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرلىرىنىڭ شاگىرت تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىش، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە «تۆمەنلىگەن» ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن تۇتۇش قىلىپ، جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى قۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ باھاسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ مۇقىم، ئۇزاق ئۈنۈملۈك جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سېلىنما مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش؛ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش ھەمدە جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىق كاپالەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق، جەۋھەرلىرىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مەدەنىيىتى گۆھىرىنى ئورتاق جۇلالاندۇرۇپ، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىركەتنىڭ ھويلىسى 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ھەر كۈنى ماشىنا يۇيۇش، گىلەم يۇيۇش كەسپى ئەڭ كۆپ، لېكىن نىجاتنىڭ ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەيدۇ. دەسلەپتە، ئۇ ئائىلە مۇلازىمىتى كەسپىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تەرەپ ـ تەرەپتە ئېلان تارقاتقان، ئىشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇلازىمەت سۈپىتى ئارقىلىق ئالقىشقا ئېرىشىشكە تىرىشقان، ياخشى نامى تارقالغاندىن كېيىن سودىسىمۇ تەبىئىي ھالدا كۆپەيگەن.

ئالدىنقى مەزگىلدە، شىركەت يېڭىدىن بېزەلگەن كۆلىمى چوڭراق بىر ئۆينىڭ ئائىلە مۇلازىمەت كەسپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 2000 يۈەن ھەق ئالغان. «ئادەتتە، ئۈچ خادىم 90 كۋادرات مېترلىق تۇرالغۇنىڭ ئاشخانىسى، ھاجەتخانىسىنى يىغىشتۇرسا، دېرىزە سۈرتسە، يەر سۈرتسە، پەردە يۇيسا، 500 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ.» نىجات مۇنداق دېدى: ھازىر پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى، كۆز قارىشى ئۆزگەردى، ئاياللارمۇ خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، تۇرمۇشتا ئائىلە مۇلازىمەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنە كېلىپ تونۇشلار ئارا تونۇشتۇرۇش بولغاچقا، شىركىتىمىزنىڭ سودىسى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىركەتتە بەش ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىلىدۇ، 30 خىزمەتچىنىڭ بەشى مەخسۇس ۋاكالىتەن ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ. «ۋاكالىتەن ئاپتوموبىل ھەيدەش ھازىر مۇتلەق ئېھتىياج بولۇپ قالدى» دېدى نىجات.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكىلەر دائىم قەشقەر شەھىرىگە تاماققا، زىياپەتكە بارىدۇ. «ۋاكالىتەن ئاپتوموبىل ھەيدىگۈچى شۇ كۈنى كەچتىلا ھاراق ئىچكەن ئاپتوموبىل ئىگىسىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئۆيىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ بېرەلەيدۇ» دېدى نىجات، ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى كەچقۇرۇن شىركەتنىڭ ۋاكالىتەن ئاپتوموبىل ھەيدىگۈچىلىرىنى قەشقەر شەھىرىگە ئىش ساقلاشقا ئەۋەتتى، يېرىم كېچىدىن كېيىن، تېلېفون سايراپ، كۆپچىلىككە قىلىدىغانغا ئىش چىقاتتى.

«ھازىر تۈگىمەس كۈچۈم باردەك ھېس قىلىمەن.» نىجاتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ تۇرمۇش مۇلازىمىتى شىركىتىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، كەسپ دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ.

### ئۆگىنىش، تۇرمۇشتىن ئالغان ھوسۇل ناھايىتى كۆپ

نىجاتنىڭ ئىشخانىسى ناھايىتى ساقلىق ئىدى، ئۈستەلگە بىر ئىددىش يېشىل ئۆسۈملۈك قويۇلغان بولۇپ، ئىچىدە بېلىقجانلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى، ناھايىتى جانلىق ئىدى. تۆت ياشلىق قىزى بىر كۆك قۇرت تۇتۇپ، قەغەز ئىستاكانغا سېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە يان تېلېفوندا كارتون فىلىم كۆردى، ئۇ ئەركىن ـ ئازادە ئىدى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىدە يەسلىدە ئوقۇش باشلانمىدى، ئۇ ئۆيدە زېرىكىپ قالدى، مەن ئېلىپ كېلىپ بىردەم ئوينىتىپ، ئاندىن ئۆيگە ئاپىرىپ قويىمەن.» نىجات قىزىدىن كۆزىنى بىردەممۇ ئۈزمەيتتى، چىرايىدىن مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. «ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بالامنى ياخشى تەربىيەلەش، مېنىڭ ئۆتمۈشۈمگە ئوخشاش يولنى خاتا مېڭىپ قالسا بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

«مەن ئىلگىرى ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئازدۇرۇشىدا ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغاندىم.» نىجاتنىڭ دېيىشىچە، شۇ كۈنلەردە، ئۇ «پان مۇسۇلمانچىلاشتۇرۇش»نى ئىنتايىن ئېتىراپ قىلغان، ئۆزىگە شۇنداق تەلەپ قويۇپلا قالماي، يەنە ئائىلىسىدىكىلەرنى، دوستلىرىنى بۇنى ئۆلچەم قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئەسەبىي ئۇنسۇرلار «ئۆگەتكەن» تۇرمۇش قائىدىلىرىگە كۈنبويى مەپتۇن بولۇپ، بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەر مىللەت دوستلىرى بار بولۇپ، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئازدۇرۇشى سەۋەبلىك، ئۇ دوستلىرى بىلەن «چەك ـ چېگرانى ئېنىق ئايرىپ»، قايتا باردى ـ كەلدى قىلمىغان.

يېڭىشەھەر ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، نىجاتنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. «ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مەن بىردىنلا خېلى كۆپ ئىشنى بىلدىم، خېلى كۆپ داۋلىنى چۈشەندىم، مەن ياخشى ئىشلەپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمەن».

«تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش مەندە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى، شۇنداقلا ماڭا نۇرغۇن نەرسە ئۆگەتتى.» نىجاتنىڭ دېيىشىچە، ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئەڭ زور ھاسىلاتى ئىكەن. كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش، ئىگىلەشمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قىممەتلىك بايلىق ئىكەن.

«مەن ئاپتوموبىل يۇيۇشنى، گىلەم يۇيۇشنى، ئاپتوموبىل ھەيدەشنى بىلمەيمەن، بۇ تەس ئەمەس، لېكىن بىلەمسىز، مەن يەنە كەپشەرلەشنى، سۇ، توك، پار رېمونت قىلىش، ئورنىتىشنى بىلىمەن، كومپيۇتېر ئىشلىتەلەيمەن، يەنە بەزى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى بىلىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەندىم» دېدى ئۇ.

### پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

«شىركەت تۇرۇشلۇق مەھەللە بىزگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، قوللايدۇ، سىز ئىشىكتىن كىرگەندە چوڭ ئەخلەت ساندۇقىنى كۆردىڭىزمۇ، بۇنى مەھەللە سەپلەپ بەرگەن، تازىلىق ئىشچىلىرى قەرەللىك كېلىپ ئەخلەتلەرنى يىغىپ، بىزنى خاتىرجەم ئىگىلىك تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى نىجات مىننەتدارلىق بىلەن.

پاراڭ ئارىلىقىدا نىجات بىر تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ، قارشى تەرەپ بىلەن بىر ھازا پاراڭلاشتى. تۇيۇقسىز، ئۇ بۇرۇلۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاكام مەندىن يېقىندىن بۇيان ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، دەپ سورىدى، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشامسىز؟» دېگىنىچە تېلېفوننى مۇخبىرغا سۇندى.

ئەسلىدە، تېلېفون قىلغان ئادەم ئۇنىڭ يېقىن دوستى چى شيەنفۇ ئىكەن. چى شيەنفۇنىڭ نىجات بىلەن ئارىلىشىۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان بولۇپ، نىجاتنىڭ تويىغا قاتناشقان، ئۇنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ دادا بولغانلىقىنى كۆرگەن، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ تەسىرىدە بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرگەن.

«بىز بىر مەزگىل باردى ـ كەلدى قىلىشمىدۇق، ئۇ قەستەن مەندىن يىراقلاشتى. مەن ئامالسىز قالدىم ھەم كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. كېيىن ئۇ مەن بىلەن قايتا ئالاقىلىشىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشكە قاتناشقانلىقىنى، نۇرغۇن ئىشنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۆزىدەك كىچىك ئىنىسىنى قايتىدىن قوبۇل قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» چى شيەنفۇنىڭ دېيىشىچە، نىجات دائىم قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ ئۇنى يوقلايدىكەن، ئۆيدە بىللە لەغمەن ئېتىپ يەيدىكەن، دېيىشمەيدىغان گېپى يوق ئىكەن، خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىكەن.

«ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقى يۇقىرى، چارىسى كۆپ، مېنىڭچە ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ، مەن ناھايىتى قوللايمەن.» چى شيەنفۇ مۇنداق دېدى: نىجات ئىنچىل تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقنى جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش يولى بىلەن ئىپادىلەشنى ئويلىدى.

«شىركەت ئىشچى قوبۇل قىلىشتا نامرات ئاھالىلەرنى ئالدىن قوبۇل قىلىدۇ، بىزمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىمىز، بۈگۈنكى كۈندە شىركەتتىكى ئون خىزمەتچى نامرات ئائىلىدىن كەلگەن» دېدى نىجات.

بۇ يىل 34 ياشقا كىرگەن رابىگۈل باقى يېڭىشەھەر ناھىيەسى بارىن يېزىسىدىكى نامرات ئاھالە بولۇپ، ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشلىمەكچى بولغانىدى، كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ نىجات بىلەن ئالاقىلىشىپ بەردى، ئىككىنچى كۈندىن باشلاپلا ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىشقا چۈشتى. ئەمدىلا بىر ئاپتوموبىلنى يۇيۇپ بولغان رابىگۈلنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، خىزمىتى جاپالىق ئەمەس ئىكەن، كۆپ ئىشلىسە يەنە پىرسەنت ئاجرىتىپ بېرىدىكەن، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى ئىكەن.